# مۈشۈكنىڭ ھايات پەلسەپىسى

جىم ۋېللىس



ئەر مۈشۈكنىڭ كېيىنكى قالغان كۈنلىرىنىڭ كۆپ ئەمەسلىكىنى بىلىپ قاتتىق ئازاپلاندى. دوختۇر ئۇنىڭغا مۈشۈكنى داۋالىغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ، كېيىنكى كۈنلىرىنى ئىمكانقەدەر ئازادىرەك ئۆتكۈزۈشنى ئېيتتى.

ئەر مۈشۈكنى پۇتىغا قويۇپ ئۇھسىندى.مۈشۈك كۆزىنى يوغان ئېچىپ، خىرىلداپ ۋارقىراپ ئەرنىڭ كۆزىگە قارىدى. بىر تامچە ياش ئەرنىڭ يۈزىدىن دوملاپ مۈشۈكنىڭ پېشانىسىگە چۈشتى. مۈشۈك

ئانچە خۇشال بولمىغان ھالدا ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى.

«بۇرادەر، نېمىگە يىغلايسەن؟ سەن مېنىڭدىن ئايرىلىپ قىلىشتىن ئىبارەت ئوي- پىكرىنى قوبۇل قىلالمايۋاتسەن؟ ھېچقانداق نەرسە مېنىڭ ئورنۇمنى ئالالمايدۇ دەپ قارايسەن شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى مۇشۇك.

ئەر بېشىنى لىڭشىتىپ «شۇنداق» دېدى.

«ئۇنداقتا مەن سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن مېنى قەيەرگە كەتتى دەپ قارايسەن؟» دەپ سورىدى مۇشۇك.

ئەر ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا مۈرىسىنى قىقىپ قويدى.

«بۇرادەر كۆزۈڭنى يۇم» دېدى مۇشۇك. ئەر گۇمان بىلەن قاراپ قويدى. ئەمما يەنىلا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆزىنى يۇمدى.

«مېنىڭ كۆزۈم ۋە مويۇم قانداق رەڭدە؟» دەپ سورىدى مۇشۇك.

«سىنىڭ كۆزۈڭ ئالتۇن رەڭدە، مويۇڭ قويۇق ھەم ئىسسىق قوڭۇر رەڭدە» دەپ جاۋاپ بەردى ئەر.

«ئۇنداقتا سەن مېنى قانداق جايدا ئەڭ كۆپ كۆرەتتىڭ؟» دەپ سورىدى مۇشۇك.

«مەن سىنى دائىم......... ئاشخانىدىكى دەرىزە تەكچىسىدە قوشقا قاراپ ....... مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئورۇندۇقتا ....... ئۈستەل ئۈستىدىكى مەن ئىشلىتىدىغان ماتېرىيال ئۈستىدە.... ئاخشىمى مەن بېشىمنى قويىدىغان ياستۇقنىڭ ئۈستىدە ئۇخلايتتىڭ» دەپ جاۋاپ بەردى ئەر.

مۈشۈك بېشىنى لىڭشىتتى.

«هازىر كۆزۈڭ يۇمۇقلۇق هالەتتمۇ ، سەن يەنلا مېنىڭ سايەمنى شۇ جايلاردا كۆرەلەمسەن؟» دەپ سورىدى مۈشۈك.

«ئەلۋەتتە، نەچچە يىللاردىن بىرى مەن سىنى ئۇدا ئۇ جايلاردا كۆرگەن»دەپ جاۋاپ بەردى ئەر.

«ئۇنداقتا، مەيلى قايسى ۋاقىتتا مېنى كۆرگۈڭ كەلسە، پەقەت كۆزۈڭنى يۇمساڭلا بولدى» دېدى مۈشۈك.

«ئەمما سەن راستىنلا بۇ يەردە ئەمەسقۇ؟» دەپ سورىدى ئەر مەيۇس هالدا.

«هە؟ راستىما؟» دەپ سورىدى مۈشۈك. «ئاۋۇ يەردىكى ئارغامچىنى ئال ـ ئاۋۇ يەردىكى، مېنىڭ ئويۇنچۇقۇم».

ئەر كۆزىنى ئېچىپ، قولىنى سوزۇپ ئارغامچىنى ئالدى. ئارغامچا تەخمىنەن 0.6 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىدى. مۈشۈك ئىلگىرى ئارغامچىنى ئويناپ ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خوش ئېتەتتى. بىر ئويىنسا ئۇدا بىر

قانچە سائەت ئۇينايتتى.»

«ئۇ نىمىدىن ياسالغان؟» دەپ سورىدى مۇشۇك.

«قاراشقا پاختىدىن ياسالغاندەك قىلىدۇ.» دەپ جاۋاپ بەردى ئەر.

«مەلۇم بىر ئۆسۈملۈكتىن كەلگەنمۇ؟» دەپ سورىدى مۇشۇك.

«ھەئە» دەپ جاۋاپ بەردى ئەر.

«بىر تۈپ پاختىدىن كەلگەنمۇ ياكى بىر قانچە تۈپ پاختىدىنمۇ؟».

«نۇرغۇن پاختىدىن كەلگەن» دەپ جاۋاپ بەردى ئەر.

«پاختا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاشۇ تۇپراقتا، يەنە باشقا ئۆسۈملۈك ياكى گۈل بارمۇ؟ پاختىنىڭ يېنىدا يەنە بىر تۈپ ئەتىرگۈل بار، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى مۇشۇك.

«ھەئە» مۇشۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن دەپ جاۋاپ بەردى ئەر.

«ئۇنداقتا، بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش يامغۇر سۈيىنى سۈمۈرىدۇ شۇنداقمۇ؟. شۇڭا بارلىق ئۆسۈملۈكلەر، ئەتىرگۈل ۋە پاختا، ماھىيەت جەھەتتىن ئىنتايىن ئوخشاش،پەقەت تاشقى جەھەتتىن پەرىقلىنىدۇ». دېدى مۇشۇك.

ئەر بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈردى.ئەمما بۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋال بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەنمىدى.

خوش، ئۇ ئارغامچا ،«پەقەت بىر بۆلەك پاختىدىن ياسالغان ئارغامچىمۇ؟» دەپ سورىدى مۇشۇك.

«ياق، ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئۇ بىر ئورام يىپنىڭ ئايرىم بىر بۆلىكىلا خالاس» دەپ جاۋاپ بەردى ئەر.

«ئۇنداقتا سەن باشقا ئارغامچىنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ يەنە بارلىق يىپ باغلىمىنچۇ؟» دەپ سورىدى مۇشۇك.

«بىلمەيمەن.... مەن بۇنى بىلمەيدىكەنمەن» دەپ جاۋاپ بەردى ئەر.

ئەمما سەن ئۇلارنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمىگەن تەقدىردىمۇ، بىراق يەنىلا ئۇلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىسەن. ھەتتا ئارغامچىنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ سىنىڭ يېنىڭدا ئىكەنلىكىنى ، باشقا قىسمىنىڭ بولسا باشقا جايدا ئىكەنلىكىنى ....... سەن يەنە بارلىق ئارغامچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىگە قوشۇلىسەن شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى مۇشۇك.

«مەن ئەزەلدىن بۇ مەسىلىنى ئويلاپ باقمىغان. بىراق مەن شۇنداق پەرەز قىلدىمكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا باغلىنىشلىق بار.» دېدى ئەر.

«ئەگەر، بىر بۆلەك ئارغامچا يەرگە چۈشۈپ كەتسە، قانداق ئىش يۈز بېرەر؟» دەپ سورىدى مۈشۈك.

«ھىم...... ئۇ ئەڭ ئاخىرى كۆمۈلۈپ، پارچىلىنىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى ئەر.

«بىلدىم»، «ئۇنداقتا كۆپلىگەن پاختا ياكى بىر تۇپ ئەترگۈل ئۇنىڭدىن ئۈنۈپ چىقامدۇ؟» دېدى مۈشۈك.

«شۇنداق»، «مۈمكىنچىلىكى بار» دېدى ئەر قۇشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

«ئۇنداقتا، دىرىزە تەكچىسىدىكى ئاۋۇ ئەترگۈل، بەلكىم قولۇڭدىكى بىر بۆلەك ئارغامچا، ھەمدە سەن بىلمەيدىغان بارلىق ئارغامچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەلۇم مۇناسىۋىتى بارمۇ؟» دەپ سورىدى مۈشۈك.

ئەر قاپىقى تۈرۈلگەن ھالدا چوڭقۇر ئويغا چۆمدى.

«ھازىر ئىككى قولۇڭ بىلەن ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىدىن قىسىپ تۇت» دېدى مۈشۈك بۇيرۇق چۈشۈرۈپ.

ئەر مۈشۈكنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى.

«سەن سول قولۇڭ بىلەن قىسىپ تۇتقان ئاۋۇ تەرەپ بولسا مېنىڭ تۇغۇلۇشۇم، ئوڭ قولۇڭ بىلەن قىسىپ

تۇتقان تەرەپ بولسا مېنىڭ ھاياتىمنىڭ ئاياغلىششى. ھازىر ئىككى ئۇچنى بىرلەشتۈر.» دېدى مۇشۇك.

ئەر يەنىلا مۇشۇكنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى.

«سەن ئۆز ئارا تۇتاشقان چەمبەر ھاسىل قىلدىڭ»، « بۇ ئارغامچىنىڭ ھەر قانداق بىر نوقتىسى بىلەن باشقا نوقتىلىرىنىڭ قانداق پەرقى بار؟ ئارغامچىغا سېلىشتۇرغاندا باشقا قىسىملىرى ياخشىمۇ ياكى ناچارمۇ؟» دەپ سورىدى مۇشۇك.

ئەر يىپنى كۆزەتكەندىن كېيىن بېشىنى چايقىغىنىچە «ياق» دەپ جاۋاپ بەردى.

«كۆزۈڭنى يەنە بىر قېتىم يۇم»، «ھازىر قولۇڭنى يالايمەن» دېدى مۇشۇك.

ھەيرانلىقتىن ئەرنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ كەتتى.

«مېنىڭ دېگىنىمچە قىل، قولۇڭنى يالاپ باقاي. مەن پىششىق بىلىدىغان جايلارنى، بارلىق ئارغامچىنى، يەنە پاختا ۋە ئەتىرگۈلنى ئەسلەپ باقاي» دېدى مۇشۇك.

قولنى يالىماقچى بولغانلىقىدىن ئەر بىر خىل ھاماقەتلىك ھېس قىلدى. ئەمما يەنىلا مۇشۇكنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. ئۇ مۇشۇك بىلىدىغان بارلىق مەخپىيەتلىكلەرنى بايقاپ قالدى. ئۇ تىرنىقىڭنى يالاپ سىنى تىنچلاندۇرۇۋىتىدۇ، ھەمدە سىنى تېخىمۇ ئېنىق ئويلاندۇرىدۇ. ئۇ داۋاملىق يالىدى. ئۇنىڭ ئاغزى يۇقرىغا ئۆرلەشكە باشلىدى. نەچچە كۈندىن بىرى ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرىشى

ئىدى. ئۇ مۆشۆكنىڭ توختاپ قىلشىنى كۈتتى.ئەمما ساقلىيالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆزىنى ئاچتى. مۆشۆكنىڭ كۆزى ئالىلقاچان يۇمۇقلۇق ئىدى. ئۇ مۆشۆكنىڭ ئىسسىق قوڭۇر مۈينى سىلىماقچى بولدى. ئەمما مۆشۈك ئالىلقاچان كېتىپ قالغان ئىدى.

ئەر كۈچىنىڭ بارچە كۆزىنى يۇمدى.يېشى خۇددى بۇلاق سۈيىدەك ئاقتى. ئۇ مۆشۆكنىڭ دىرىزە تەكچىسىدە تۇرغانلىقىنى، ئاندىن كېيىن كارىۋاتتا، ئۇنىڭ مۇھىم ماتېرىياللىرى ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ يەنە مۆشۆكنىڭ ياستۇقنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ كۆزىنى، يەنە بۇرنى ۋە قۇلىقى ئۈستىدىكى قېنىق قوڭۇر رەڭلىك مۈينى كۆردى. ئۇ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ياشقا تولغان كۆزى بىلەن دىرىزە تەكچىسىدىكى ئەترگۈلنى، ئاندىن ئۆزىنىڭ قولىدىكى قىسىپ تۇتۇپ تۇرغان ئارغامچىنى كۆردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي مەلۇم بىر كۈنى، ئۇنىڭ تىزىدا يېڭىدىن بىر ئاسلان پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇماققىنە ئاق ئالىسى بولغان ئاسلان بولۇپ، ئىلگىرىكى سۆيۈملۈك مۆشكىگە قىلچە ئوخشىمايتتى. لېكىن يەنىلا شۇنداق ئوخشاش ئىدى.

«ئەسەبىي ئېڭىلىزتىلى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىل 2 ـ ئايلىق 73 ـ سانىدىن ئېلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى قۇربان
http://ak22.blogbus.com